# شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سۈرگۈندى ھوكۈمىتى دۆۋلەت ئاساسى قانۇنى

## كىرىش سۆز

بۇ ئاساسى قانۇن 1949-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى تاجاۋۇزچى خىتاي كومۇنىست ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىدىن چەت'ئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئورتاق مىللىي ئىرادىسى بىلەن تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇشبۇ ئاساسى قانۇن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆرىيەتى ۋە مىللى مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە شۇنداقلا ھۆرىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك سىياسى تۈزۈمى ۋە داغدام يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

قۇرغۇچى

ئەنۋەر يۈسۈف تۇرانى


## **بىرىنجى بۆلۈم: دۆۋلەت ئىسمى، يەر كۆلىمى، خەلقى، دۆۋلەت تۈزۈمى، دۆۋلەت بايرىقى، دۆۋلەت گىربى، مىللى مارشى، مىللى ناخشىسى، مىللى ناخشا- مۇزىكىسى، مۇستەقىللىق بايرام تەنتەنىسى مۇزىكىسى، مىللىي قەسىمى، دۆۋلەت تىلى، دۆلەت دىنى، پايتەختى، مىللى ھەيت-بايراملىرى، جۇمھۇرىيەت بايرىمى، شەئىدلەرنى ياد ئېتىش كۈنى، ماتەم كۈنى، ۋە سىياسى پارتىيەسى**

**1. ماددا: دۆۋلەت ئىسمى ۋە يەركولىمى:** دۆۋلەت ئىسمى شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، شەرق تۈركستان تۇپرىغىنىڭ ئومۇمى يەر كولىمى: 1828418 (بىر مىلىيۇن سەكىزيۈز يىگىرمە سەككىزمىڭ تورتيۈز ئون سەككىز) كۇۋادىرات كىلومەتەردۇر.

### **2. ماددا: خەلقى ۋە دۆۋلەت تۈزۈمى**

شەرقى تۈركستانىنىڭ ھەلقى: ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلاردىن دىن ئىبارەت تۈرك قەبىلىلىرىدىن، ۋە شۇنداقلا تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن تارىختىن بىرى بىرگە ياشاپ كەلگەن موڭغۇللار، ۋە فارىسچە سوزلىشىدىغان تاجىكلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. شەرقى تۈركستان خەلقىنىڭ ھازىرقى (2004-يىلىدىكى تەخمىن قىلىنغان) ئاھالىسى 35 مىليۇندۇر. يۇرت ئىچى ۋە تىشىدا قەبىلىۋازلىق قىلىپ يۇقاردا ئىزخار قىلىنغىن بىر پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ چىقىرىش ئارقىلىق دۇشمەنىنىڭ ياكى خىتتايلارنىڭ شەرقى تۈركستان خەلقىنى بولۇپ ئىدارە قىلىشىغا بىلىپ ياكى بىلمەي ھەسسە قوشاش قەتئى مەنئى قىلىنىدۇ. شەرقى تۈركستان تۈركنىڭ يۇرتى بولۇپ شەرقىي تۈركستان دۆلىتىنىڭ زىمىن پۈتۈنلىگى ۋە مىللىتىنىڭ بىرلىگى ھىچ بىر زامان پارچىلانمايدۇ. دوۋلەت تۈزۈمى: دەموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقىقا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىجتىمائىي، دەموكراتىك بىر پۈتۈن ھوقۇق دۆۋلىتىدۇر.

## 3. ماددا: دۆۋلەت بايرىقى: ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق



**شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆۋلەت بايرىقى**

**4. ماددا: دۆلەت گىربى:** ھىلال ئاينىڭ ئوڭ تەرىپىدە توققۇز ۋە سول تەرىپىدە توققۇز دانە نوقتا بولغان، ۋە بۇ نوقتىلارنىڭ ھىلال ئاينىڭ ئەڭ تۆۋەن قىسمىدىكى ئۇچلىرى بۇغۇچ بىلەن باغلانغان، ھىلال ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆسنىخەت بىلەن يېزىلغان «بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم» دىن ئىبارەت ئايەت يەر ئالغان، ۋە ھىلال ئاينىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ ئۇچرىشىدىغان يېرىدە ئۈچ دانە يۇلتۇزدىن تەشكىل تاپقان بىر شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، مەزكۇر دۆۋلەت گىربىدىكى ئون سەككىز دانە نوقتا، شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغان ئون سەككىز تۈرك قەۋمىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۈچ يۇلتۇز بولسا، تارىختا شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان كۆك تۈرك، ئۇيغۇر ۋە قاراخانىلار دۆلەتلىرىنىڭ سىمۋولىدۇر.

.



**شەرقی تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆۋلەت گېربى**

## 5. ماددا: مىللىي مارشى، مىللى ناخشىسى، مىللى ناخشا-مۇزىكىسى، مۇستەقىللىق بايرام تەنتەنىسى مۇزىكىسى، ۋە مىللىي قەسىمى

**دۆلەتنىڭ ئىستىقلال يەنى مىللى مارشى:** 1933-يىلى 20 ئىنجى ئەسرنىڭ 30 ئىنجى يىللىرىدا شەرقى تۈركىستاندا ئەۋجىگە ئالغان خەلقىنى جاھلەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھورىيەتكە ئىرىشتۈرۈشنى مەھسەت قىلغان ئاتالمىش ئاقارتىش كۈرىشىدە باشلامچىلىق رول ئويناپ خەلقىنىڭ بۈيۈك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلىغىدىن قورقۇپ-چۆچىگەن خىتتاي باسقۇنچىللىرى تەرىپىدىن 1937-يىلى 36 يىشىدا تۇتقۇن قىلىنىپ يۈزلەرچى ئىز باسارلىرى بىلەن بىرگە ئەتىپ ئۆلتۈرۈلگەن مىللى قەھرىمان ۋە شەئىد مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىق تەرىپىدىن يىزىلغان، "قۇرتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز" ناملىق مۇزىكىلىق شىئىر ئەسرىدۇر. **دۆۋلەتنىڭ مىللىي ناخشىسى:** يەنە شۇ مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىق تەرىپىدىن يەزىلغان "تارىختىن ئەۋۋەل بىز ئىدۇق، تارىختىن سوڭرە

يەنە بىز"ناملىق مۇزىلىق شېئىر ئەسىرىدۇر. **مىللى ناخشا-مىزىكىسى:** ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە باشقا يەرلىك خەلق مۇزىكىللىرىدۇر. **مۇستەقىللىق بايرام تەنتەنىسى مۇزىكىسى:** "شادىيانە" دۇر. **مىللىي قەسىمى:** پۈتۈن ھاياتىنى شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن بەغىشلىغان ھالدا يەرىم ئەسىر خىتتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ياتقان، خەلقنىڭ قەلبىدە "خىتتايغا قارشى ئەلپىيرىلىدىغان مىللى مۇجادىلىنىڭ سىمۋولى" دەپ ئورۇن ئالغان تەۋرەنمەس ۋەتەن ۋە مىللەت پەرۋەر ئۇلۇغ زاد ئابدۇل ئەزىز مەخسۇمنىڭ **"ئايرىلمىسۇن"** ناملىق شئىر ئەسىرىدۇر.

**6. ماددا: دۆۋلەت تىلى، دىنى، پايتەختى، مىللى ھەيت-بايراملىرى، جۇمھۇرىيەت بايرىمى، شەئىدلەرنى ياد ئىتىش كۈنى، ماتەم كۈنى، ۋە سىياسى پارتىيەسى**

**شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆۋلەت تىلى: ئۇيغۇر تۈركچىسىدۇر.** قازاق تۈركچىسى بىلەن قىرغىز تۈركچىسى مىللىي تىل قاتارىدا قوللىنىلىدۇ. **دىنى: ئىسلامدۇر.** دۆلەت باشقا دىنلارنىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ، قوغدايدۇ، ۋە ھەرخىل دىنىي ھوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.
**دۆلەتنىڭ پايتەختى:** ئۈرۈمچىدۇر. **مىللى ھەيت-بايراملىرى:** نورۇز بايرىمى، **روزا** (رامىزان) **ھەيتى ۋە قۇربان ھەيتىدۇر.**
**جۇمغۇرىيەت بايرىمى — مىللى مۇستەقىللىق كۈنى: 11-ئاينىڭ 12-كۈنىدۇر:** بۇ كۈن 1933-يىلى قەشقەردە ۋە شۇنداقلا 1944-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلغان كۈنى بولۇپ، ھەر يىلىنىڭ 11-ئاينىڭ 12-كۈنىدۇر. **قايغۇ-ماتەم كۈنى:** 1949-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدۇر. بۇ كۈن مەزكۇر ئاتالمىش"ئايرىپلان ۋەقەسىدىن" كيىنلا شەرقى تۇركستاننى ئىشغال قىلغان كامۇنىست خىتتاي خىتتاي باقۇنچىللىرىنىڭ "كامۇنىست خىتتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ ئۇنى دۇنياغا جاكالىغانلىغىنى تەنتەنە قىلىدىغان دوۋلەتلىك بايرام كۈنى بولۇپ، بۇ كۈن شەرقى تۈركستان خەلقى ئۈچۈن بىر ئەڭ زور تارىخىي يوقۇتۇش كۈنى بولۇپ يىساپلىنىدىغان بىر قايغۇلۇق كۈن بولۇپ، تاكى ۋەتەن مۇستەقىللىقىغە ئىرىشكەڭە قەدەر بۇ كۈن شەرقى تۈركستان خەلقى ئۈچۈن بىر ماتەم كۈنىدىن ئىبارەتتۇر.
**پارتىيىسى: شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى پارتىيىسىنىڭ ئىسمى: "شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي پارتىيىسى"** بولۇپ، **سۈرگۈندىكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھوكۇمەت پارتىيىسىنىڭ ئىسمى: "شەرقى تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق پارتيەسىدۇر"** ۋە ئىشبۇ ئاساسى قانۇننى ئىتراپ قىلغان ۋە ئۇنى ئاسراپ مۇئافىزە قىلىدىغان ھەرقانداق شەرقى تۈركستان ۋەتەندىشى بۇ پارتيەنىڭ ئەزاسىدۇر.

**7. ماددا:** ئاساسى قانۇننىڭ يۇقۇردا يېزىلغان بىرىنجى، ئىككىنجى، ئۈچىنجى، تۆرتىنجى، بەشىنجى ۋە ئالتىنجى ماددىللىرى ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزگەرتىلمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىشكە تەشەببۇس قىلىنمايدۇ.

## ئىككىنجى بۆلۈم: شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى

**8. ماددا:** سۈرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى 2004-يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنى ئامرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئەنۋەر يۈسۈف تۇرانىنىڭ باشچىلىغىدا قۇرۇلۇپ ئامرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلتاي بىناسىدا ئىلان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ھۆكۈمەت ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان باسقۇنچى كامنۇست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشغالىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ مىللى مۇستەقىللىغىغە ئېرىشكەنگە قەدەر يۇرت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يىتەكچىلىك قىلىش سالاھىتىگە ئىگە بولغان بىردىن بىر ئەڭ ئالى ئورگان بولۇپ، مەزكۇر ھوكۇمەتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئامرىكا قوشمىشتاتلىرىنىڭ باشكەنتى ۋاشىنگتوندۇر.

**9. ماددا:** سەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى - شەرقى تۇركىستان خەلقىنىڭ ھورىيەت ۋە مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت مىللى ئازاتلىق غايىسىگە يىتىش يولىدا ئەلپىيارماقتا بولغان مىللى مۇجادىلىرىگە تايانغان ھالدا بارلىق ھەققانىيەت ۋە دەموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلغۇچى دۆۋلەتلەرنىڭ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باشچىلىغىدىكى بارلىق ئىنسانپەرۋەر خەلقارالىق تەشكىلاتلىرىنىڭ، ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ، جۇملىدىن پۈتۈن دۇنيا جاماتچىلىكىنىڭ شەرقى تۇركىستانىنىڭ مۇستەقىللىق مۇجادىلىسىگە بولغان دەستەك ۋە ياردەملىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تاجاۋۇزچى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى يۈرگۈزىۋاتقان دۆلەت تەررورىزىمىغا قارشى كۆرەشكە تەشكىللەپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستىنىڭ مۇستەقىللىغىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**10. ماددا:** شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنىڭ مىنىستىرلىرى باش مىنىستىرنىڭ يىتەكچىلىگىدە مىنىستىرلار كابىنىتى يەنى باقانلىق بولۇپ تەشكىللىنىدۇ. ئۇزلىرى ياشىۋاتقان دولەتنىڭ گەرمجدانلىغا ئوتكەن ۋە مەزكۇر سۇرگۇندى ھوكۇمەتتە ھەرقانداق دەرجىدە ۋەزىپە ئالغان بارلىق ھوكۇمەت ئەزاسى دۈشمەن، خىتتاي بلەن ھەرقانداق شارايىت ئاستىدا قەتئى مۇرەسسەلەشمەسلىك يەنى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىق داۋاسىدىن ۋاز كەچمەسلىك ياكى تەسلىم بولماسلىق شەرتى ئاستىدا زۈرۈر تەپىلغاندا ياكى داۋاغا پايدىلىق دەپ قارالغان ھەرقانداق شارايىت ئاستىدا ھەرخىل غەيرى رەسمى يوللار بىلەن ۋەتەنگە بەرىپ-كىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ۋەتەنگە بارغانلىق ھەرگىزمۇ خىتتايغا بارغانلىق بولمايدۇ. ۋەتەنگە بارغانلىقنى "خىتتايغا بارغانلىق" دەپ تونۇش ۋەتىنىمىز "شەرقى تۇركىستاننى" خىتتاينىڭ" دەپ ئىتىراپ قىلىپ دۈشمەنگە ئوز ئاغزىمىز

بىلەن ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان تىلختىتى بەرگەنلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. نىشانسىزلارچە بىر قاڭقىپ چېكەتكەنپىتى ۋەتەنگە قايتماسلىق، ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى ئىقامەت قىلغۇچى ياكى پانالىق ئەلىپ تۇرغىغۇچى چەت مەملىكەتلەرنىڭ ھەرخىل ئىتىقات، مەدىنىيەت، ئۆرف-ادەت، ۋە تىللىرىنى تامامەن قوبۇل قىلغان ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى كىملىگىنى ئۇنتۇش، ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش ھەرگىزمۇ ۋەتەن-پەرۋەرلىك ياكى ئىنسانىيەتچىلىكتىن دىرەك بەرمەيدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ۋەتەننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى مۇجادىلە قىلىش، پەقەت بولالمىغاندا ئاللاھ يولىدا ۋەتەننىڭ ھورىيەت ۋە ئىستىقلالى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىش ۋە بۇ يولدا پۈتۈن بارلىغىنى ئاتاش تەڭرىنىڭ پەرمانىدۇر. بىر ئامال قىلىپ ھەرخىل ھاۋايى-ھەۋەسلەرنى كوزلىگەن ھالدا يۇرتتىن چىقىۋېلىپ ئۆزنەپسى ئۈچۈنلا ياشاپ ۋەتەن داۋاسى بىلەن ھېچ ئىلگىلەنمەسلىك، ھەتتا ۋەتەن داۋاسى قىلغۇچىلارغا ھەرخىل شەكىلدە زىيانكەشلىك قىلىپ يولىنى توسۇش ئەڭ چوڭ جىنايەت بولۇپ، بۇنداق بۇزغۇنچى خائىن - مۇناپىقلار ئاساسى قانۇنىمىزنىڭ خائىن ۋە مۇناپىقلارنى بىر تەرپ قىلىش نىزامنامىسىغا ئاساسەن جازاغا تارتىلىدۇ.

**11. ماددا:** ھۆكۈمەتنىڭ مىنىستىرلار كابىنىتى يىلدا بىر ياكى ئىككى قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەت پروگراممىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن باش مىنىستىر ۋە كابىنىتگە دوكلات سۇنىدۇ ۋە ھۆكۈمەت پروگراممىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ.

## ئۈچۈنجى بۆلۈم: پارلامەنت سايلىمى ۋە ۋەتەنداشلىق

**12. ماددا:** پارلامەنت ئۆزىگە بىر رەئىس، بىر ياكى ئىككى مۇئاۋىن رەئىس، بىر باش كاتىپ، ۋە ئىككى كاتىپ ياردەمچىسىنى پارلامەنت ئەزالىرى ئىچىدىن 4 يىللىق مۇددەت ئۈچۈن ئۈچتە ئىككى ئاۋاز بىلەن سايلاپ چىقىدۇ. پارلامەنت ئەزالىرىنىڭ تەكلىۋى بىلەن قانۇنلاشقان ۋە ھەرقايسى رايونلاردىن دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلانغان ۋەكىللەردىن تەشكىللەنگەن پارلامەنت ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن تاشقىرى ھەر تۆرت يىلنىڭ دەسلاپقى11-ئاينىڭ 10-كۈنى ئىچىلىپ ئاخىرقى 4-يىلنىڭ 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. پارلامەنت ئاساسى قانۇنىنىڭ تۈۋەندىكى 13.، 14.، 15.، 16.،17.، 18.، ۋە 19. ماددىلىرىغا ئاساسەن يۇرت ئىچىدە ۋە يۇرت تىشىدا دېموكراتىك ئۇسۇللار بىلەن پارلامەنت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىپ پارلامەنتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. 11-ئاينىڭ 12-كۈنى سايلانغان پارلامەنت ئەزالىرى قەسەم بىلەن ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. يەڭى پارلامەنتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى، ھوقۇقلىرى ۋە ئەزا سانى دەسلاپتا قۇرۇلغان پارلامەنتنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ.

**13. ماددا:** شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدە ۋەتەننىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا چەتىشلىق بولغان، دۈشمەنگە ياكى يۇرتنى ئىشغال قىلغۇچىلارغا ياردەم بەرگەن، ئۇلارغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەنلىكى سەزىلگەن ھەرقانداق كىشى ۋەتەن-مىللەتنىڭ مىللى مەنفەتىگە خىلاپلىق قىلغان ھالدا بىلىپ-بىلمەي سادىر قىلغان گۇناھلىرىنى خەلق-ئالەم ئالدىدا تونۇپ تۆۋبە قىلمىغانغا قەدەر پارلامەنت ئەزالىقىغا سايلىنالمايدۇ.

**14. ماددا:** ۋەتەن خىتتاي ئىشغالىدىن قۇرتۇلغانغا قەدەر سۈرگۈندىكى ھوكۇمەتنىڭ پارلامەنت ئەزالىرىنىڭ سايلىنىشىدا ئوخشاشلا يۇقارقى 13-ماددا ئاساس قىلىنىشىدىن باشقا يانا سۈرگۈندىكى ھوكۇمەتنىڭ پارلامەت ئەزالىقىغا سايلانماقچى بولغان كىشىنىڭ خىتتاي ھوكۇمىتى بىلەن ھىچقانداق سىياسى ياكى ئىقتىسادى ياكى دوسلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر پارلامەنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان كىشىلەر ئىچىدە خىتتاي ھوكۇمىتى بىلەن سىياسى ياكى ئىقتىسادى دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولۇپ كەلگەنلەر ياكى پارلامەنت ئەزالىقىغا سايلانغاندىن كىيىن خىتتاي ھوكۇمىتى بىلەن يۇقارقىدەك مۇناسىۋەتلەرنى قۇرغانلىقى بايقالغان ھەرقانداق پارلامەنت ئەزاسى ئوزىنىڭ خىتتاي ھوكۇمىتى بىلەن ھىچقانداق يۇقارقىدەك مۇناسىۋىتىنىڭ يوق ئىكەنلىگىنى ھەقىقى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بىرەلمىگەن تەقدىردە ئوزىنىڭ پارلامەنت ئەزالىقىدىن، شۇنداقلا ھوكۇمەتتىكى بارلىق ۋەزىپىللىرىدىن ئىلىپتاشلىنىپ ھوكۇمەتتىن چىقىرىلىدۇ. ھوكۇمەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى پارلامەنت ئەزاسى بولۇپ، بۇ قانۇن ھوكۇمەتنىڭ بارلىق مىنىستىر ۋە رەيىسلىرى ئۈچۈن ھەم كىچەرلىكدۇر.

**15. ماددا:** گەرچە خىتتاي ھوكۇمىتى بىلەن ھىچقانداق يۇقاردا ئاساسى قانۇننىڭ 14- ماددىسىدا ئەيتىلغاندەك بىرەر مۇناسىۋەتتە بولىغان تەقدىردە ھەم، لىكىن ئەگەر خىتتاي ھوكۇمىتى بىلەن يۇقارقىدەك مۇناسىۋەتلەردە بولغانلىقى ئاشكارىلانغان ياكى بۇ سەۋەپتىن ھوكۇمەتتىن چىقىرىلغان ھوكۇمەت ئەزالىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزمىگەن ھەتتا ئۇلارنىڭ ھوكۇمەتتىن چىقىرىلىشىغا ھىچقانداق ئاساسسىز نارازىلىق قىلغۇچى ھوكۇمەت ئەرباپلىرى ھەم ئوزلىرىنىڭ ھوكۇمەتتىكى ئورنىنىڭ ياكى مەڭسىپىنىڭ نىمە بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ئۇلار ھەم ئوزلىرىنىڭ ھوكۇمەتتىكى بارلىق ۋەزىپىللىرىدىن قالدۇرۇلۇپ ھوكۇمەتتىن تامامەن چىقىرىلىدۇ.

**16. ماددا:** دۆلەتنىڭ ئىشغال قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋىتى بولىغان، دۈشمەنلەرگە ياكى تاجاۋۇزچىلارغا ياردەملەشمىگەن، ئۇلارنى قوغداپ قالمىغان، شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان، يەتتە ئەۋلادىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغان ھەرقانداق كىشى شەرقىي تۈركىستانلىق ھەساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدا ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانلىق دەپ ھەساپلىغان، شەرقىي تۈركىستاننى ئانا ۋەتىنىم دەپ قوبۇل قىلغان تۈرك، موڭغۇل، ۋە تاجىك

نەسىللىك ھەرقانداق مۇھاجىر شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تەبئىي ۋەتەندىشى بولۇپ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر.

**17. ماددا:** ئۆزىنى شەرقى تۇركىستانلىق دەپ تونۇغان 18 ياشىنىڭ ئۈستىدىكى ھەرقانداق ئەر ياكى ئايال شەرقى تۇركىستان ۋەتەنداشى يۇرت ئىچىدە ۋە سىرتىدا سايلاش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر. سايلامدا ئاۋاز ياكى ئوي بەرگۈچى ۋە سايلانغۇچى ۋەتەنداش شەرقى تۇركىستان ئاساسى قانۇنىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىشى شەرت قىلىنىدۇ.

## تۆرتىنجى بۆلۈم: پارلامەنت ئەزالىرى — مىللەت ۋەكىللىرى

**18. ماددا:** ئەسكەر ۋە ساقچىلار ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مۇددەت ئىچىدە مىللەت ۋەكىلى بولۇپ سايلىنالمايدۇ. ئەمما، سايلام مەزگىلىدىن ئاز دىگەندە ئۈچ ئاي بۇرۇن ئىستىپا بەرىش شەرتى بىلەن سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدۇ.

**19. ماددا:** پارلامەنت ئۈچۈن پارلامەنت ئەزالىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇس سانىغا ۋە ئۆلارنىڭ ئەملى ئەھۋالىغا ئاساسەن، دىسلاپقى قۇرۇلغان پارلامەنتنىڭ قانۇنلاشقان بەلگىلىمىلىرى بويىچە سايلىنىدۇ. ئەمما، سۈرگۈندىكى پارلامەنت ئەزالىرىنىڭ سانى 60 كىشىدىن ئاز بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

**20. ماددا:** پارلامەنت خادىملىرى پارلامەنت رەئىسى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

**21. ماددا:** پارلامەنت ئەزالىرى ئىچىدە ۋاپات بولغان ياكى ھەرقانداق سەۋەپ تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغانلارنىڭ ئورنىغا پارلامەنتنىڭ قارارى بويىچە بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە شۇ ۋەكىل تەۋەلىكىدىكى رايون تەرىپىدىن پارلامەنت ئەزالىرى تولۇقلاپ سايلىنىدۇ.

## بەشىنچى بۆلۈم: قانۇنلار ۋە قارارلار

**22. ماددا:** بارلىق قانۇنلار پارلامەنت تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلىدۇ. بۇ قانۇنلار ئۈچتە ئىككى ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىدۇ. ماقۇللانغان قانۇنلارنى ھۆكۈمەت ئىجرا قىلىدۇ.

**23. ماددا:** بارلىق قارارلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ. باش مىنىستىر بىر ياكى ئىككى مىنىستىرنى ھۆكۈمەت باياناتچىسى ياكى ھوكۇمەت سوزچىسى قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

## ئالتىنچى بۆلۈم: پارلامەنت ۋە دۆۋلەت ئارمىيىسى

**24. ماددا:** يۇرت ئىچىدە، ۋەتەن ئازات بولغاندىن كىيىن دۆلەت رەئىسى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانىدۇر. ئامما، يۇرت تىشىدا تاكى ۋەتەن مۇستەقىللىقىغا ئىرىشكەنگە قەدەر شەرقى تۈركستانغا ۋاكالىتەن ئىش بىجۇرگۈچى ئەڭ ئالى ئورگانى بولغان سۈرگۈندىكى شەرقى تۈركستان ھوكۇمىتىنىڭ جۇمھۇر رەئىسى سۇرگۇندىكى ھوكۇمەت ئىچىدىكى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ھوقۇقدا ئىگە بولغان ھوكۇمەت ئەربابى بولۇپ، جۇمھۇر رەئىسى سۇرگۇندىكى ھوكۇمەت تەرىپىدىن خىتتايغا قارشى يۇرت تىشىدا تەشكىللەنگەن ئارمىيەنىڭ باشقۇماندانىدۇر.

**25. ماددا:** ۋەتەن ئازات بولغاندىن كيىن، تىنچلىق مەزگىللىرىدە زۆرۈر تىپىلغاندا دۆلەت رەئىسى تەرىپىدىن كۆرستىلگەن ئەڭ تەجرىبىلىك، ئابروىلۇق، دۆلەت ئارمىيىسى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە ئىشەنچلىك بىر يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسەر دۆلەت ئارمىيىسىگە دۆلەت رەيىسىگە ۋاكالىتەن قوماندانلىق قىلىدۇ ۋە باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئامما، ۋەتەن ئازات بولغانغا قەدەر ھوكۇمەتنىڭ رەئىسى ھوكۇمەتنىڭ مۇداپىيە مىنىستىرىنى جۇمھۇر رەئىسنىڭ بىشاچىلىقىدا دوۋلەتنىڭ ئارمىيىسىگە قۇماندانلىق قىلىشقا تەيىنلەيدۇ.

**26. ماددا:** پارلامەنت ئەسكىرى  ياكى ھەربى سەپەرۋەرلىك، ئۇرۇش ئەلان قىلىش، دۆۋلەت مەنپەتىنى قوغداش شەرتى ئاستىدا چەت ئەللەر بىلەن بولىدىغان شەرتنامىلارنى تۈزەش ھوقۇقىنى ئۈچتە ئىككى ئاۋاز بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسىگە سۇنۇدۇ.

## يەتتىنچى بۆلۈم: دۆۋلەت رەئىيىسىنىڭ سايلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇقلىرى

**27. ماددا:** شەرقىي تۈركستان مۇستەقىللىق داۋاسىغا ئۆزىنى ئاتىغان، 40 ياشقا تولغان، ۋە پارلامەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان، تۈرك نەسلىدىكى ھەرقانداق شەرقىي تۈركستانلىق دۆلەت رە'ىسى بولۇپ سايلىنالايدۇ، ۋە سايلانغان دۆلەت رەئىسى قەسەم بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

**28. ماددا:** دۆۋلەت رەئىسى دۆۋلەتنىڭ سىمۋۇلىدۇر. دۆۋلەت رە'ئىسى ئاينى زاماندا سۇرگۇندىكى ھوكۇمەت ئىچىدىكى باش مىنىستىر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت كابىنەتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئۇ باش مىنىستىر تەرىپىدىن مىنىستىرلىككە تەيىنلەنگەن نامزاتلارنى يەڭگۈشلەشكە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە; باش مىنىستىرنىڭ پارلامەنت تەستىقلىغان قانۇن، شەرتنامىلار، قارارنامىلارنى تەستىقلىشى ياكى تەستىقلىماسلىغى ھەققىدە; چەتئەللەرگە ئەلچىلەرنى تەيىنلەش ۋە چەتئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە; ئەدلىيە مىنىستىرىنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئەغىر

گۇناھكارلارنى كەچۈرۈم قىلىش، ياكى جازاسىنى يەنىكلىتىش ھەققىدە باش مىنىستىرگە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك تاۋسىيە ۋە پىكىرلىرىنى بىرىش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا يۇقاردا ئىزخار قىلىنغان ساھالاردا ئۆزىنىڭ رەھبەرلىگى ئاستىدىكى باش مىنىستىر باشچىلىغىدىكى ھەرقانداق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پىكىر ۋە قارارلىرىنى رەت قىلىش ھوقۇقىغى ئىگەدۇر. دۆۋلەت رەئىسىنىڭ كىسەللىك، ساياھەت ياكى باشقا سەۋەپلەر بىلەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان ۋاقىتلاردا، مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى دۆلەت رە'ىسىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنگە قەدەر ياكى ساياھەتتىن قايتقانغا قەدەر دۆلەت رەئىسىنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئەلىپ ئۇنى بىجىرىدۇ. دۆلەت رەئىسى ۋاپات بولغان تەقدىردە، پارلامەنت تەرىپىدىن يەڭى دۆلەت رەئىسى سايلانغانغا قەدەر دۆلەت رەئىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

## سەككىزىنچى بۆلۈم: باش مىنىستىرنىڭ سايلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇقلىرى

**29. ماددا:** شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق داۋاسىغا ئۆزىنى ئاتىغان، 40 ياشنىڭ ئۇستىدە بولغان، پارلامەنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان، تۈرك نەسلىدىن بولغان ھەر قانداق كىشى باش مىنىستىرلىققا سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. سايلانغان دۆۋلەت باش مىنىستىر قەسەم بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. باش مىنىستىر رەئىسىنىڭ مەلىھەتى ۋە تاۋسىيەلىرىنى ئالغان ئاساستا مىنىستىرلار كابىنەتىنى تەشكىللەپ دۆلەت پارلامەنتىغا سۇنۇدۇ. پارلامەنت مىنىستىرلار كابىنەتىنى ئۈچتە ئىككى ئاۋاز بىلەن تەستىقلايدۇ. بۇ جەرياندا ئەسلىدىكى كابىنەت ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

**30. ماددا:** باش مىنىستىر پارلامەنتقا ۋەتەننىڭ ئومۇمى ئەھۋالى، ۋە شۇندااقلا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى ھەققىدە ئاز دىگەندە يىلدا بىر قەتىم مەلۇمات بىرىدۇ ۋە ئۆزى توغرا تاپقان تەقدىردە پارلامەنتنىڭ سايلىمى ئەلىپ بەرىلىپ بىر دەۋر ئاخىرلاشقاندىن كيىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يەڭى ۋەكىللەر سايلاش ئۈچۈن، سايلام ۋاقتىنى بەكىتىشكە، ئۇرۇش ۋە تەنچلىق زامانلاردا رەئىسى جۇمغۇرغا ماسلاشقان ھالدا دۆلەت ئارمىيىسىنى سەپەرۋەر قىلىشقا، كابىنەت ئەزالىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىشقا، مىنىستىرلار كابىنىتىنىڭ قارارلىرىغا زىت ھەرىكەت قىلغان مىنىستىرلارنى رەئىسنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كابىنەتتىن چىقىرىشقا، ۋە كەبىنەتكە يەڭى مىنىستەر تەيىن قىلىشقا، قانۇنلارنىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىغا ۋە ۋەتەننىڭ پەۋقۇلاددە ئەھۋال ئاستىدا قالغان مەزگىللىرىدە دۆۋلەت رەئىسىنىڭ ماقۇللىغىنى ئالغان ئاساستا قانۇن كۈچىگە باراۋەر قارارلارنى چىقىرىشقا، ۋە پارلامەنت قارارى ۋە جۇمھۇر رەئىسنىڭ تەستىقى بىلەن ھەربى ھالەت ئېلان قىلىشقا ھوقۇقلۇقتۇر.

## توققۇزىنچى بۆلۈم: پارلامەنتنىڭ ھوقۇقلىرى

**31. ماددا:** مەزكۇر پارلامەنت باج قانۇن تۈزۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قانۇن تۈزۈم ۋە نىزاملارنى چىقىرىشقا، قەرزلەرنى تۆلەشكە ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا، ئومۇمى باج بىلەن ئىمپورت-ئېكسپورت توۋارلىرىدىن ئەلىنىدىغان باج قانۇنىنى چىقىرىشقا، باجنىڭ ۋەتەننىڭ چەگرىسى ئىچىدە باراۋەر ۋە بىر خىل ئۆلچەملىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى چىقىرىپ ماقۇللاشتىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى چىقىرىشقا ھوقۇقلۇقتۇر:

**32. ماددا:** شەرقىي تۈركىستاننىڭ چەت’ئەلدىن قەرز ئەلىشىغا، سودا-سەتىق ئىشلىرى بىلەن تاشقى سودىنى كونترول قىلىشىغا؛

**33. ماددا:** ۋەتەنداشلىققا قوبۇل قىلىش، ۋەتەنداشلىقتىن چىقىرىش، ھەمدە كىرىزىسكە سەۋەپچى بولىدىغان بانكا پۇل پاخاللىغىنىڭ ئالدىنى ئەلىشقا؛

**34. ماددا:** پۇل بىسىش ۋە پۇلنىڭ قىممىتىنى قوغداش، چەت’ئەل پۇللىرىنىڭ كۇرسىنى بەلگىلەشكە، ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بەكىتىشكە؛

**35. ادا:** ساختا پۇل ياسىغۇچىلارنى جازالاشقا؛

**36. ماددا:** پوچتىخانا، دوختۇرخانا، مەكتەپلەرنى ئەچىش ۋە بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلىرىنى ئىلىپبىرىشقا؛

**37. ماددا:** يازغۇچى ۋە سەن’ئەتچىلەر، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەرگە قەلەم ھەققى بىرىش، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئەركىن پائالىيەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا؛

**38. ماددا:** ئالى سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان سوت مەھكىمىلىرىنى قۇرۇشقا؛

**39. ماددا:** دۆلەت چەگرىسىدىكى ئەتكەسچىلىك، تاموجنىدىكى كۆز بويامچىلىق ھادىسىلىرىنى ئىنىقلاش ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا؛

**40. ماددا:** سىرتقا ئۇرۇش ئەلان قىلىش، ۋەتەنگە قىلىنغان ياكى قىلىنىش ئەھتىمالى بولغان تاجاۋۇزچىلىقلارغا قارشى تۇرۇشقا؛

**41. ماددا:** دۆۋلەت ئارمىيەسىنى تەشكىللەش، كۈچەيتىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشقا؛

**42. ماددا:** دۆۋلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى قوغداش، توپىلاڭلارنى تىنجىتىش، ۋە تاشقى تاجاۋۇزچىلىقنى توساش ئۈچۈن ئارمىيەنى ئەسكىرى ۋەزىپىگە سەپەرۋەر قىلىشقا؛

**43. ماددا:** ئەسكەرلەرنى تەشكىللەش، قوراللاندۇرۇش، باشقۇرۇش، ئوفىتسىرلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، پارلامەنتنىڭ ھەربى تۈزۈمگە بىنا’ئەن ھەربى تەلىم- تەربىيە ئېلىپبېرىشقا؛

**44. ماددا:** شەرقىي تۈركىستان پارلامەنتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىنىڭ ياكى ھۆكۈمەت ئەرباپلىرىنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پۈتۈن قانۇنلانى چىقىرىپ ماقۇللاشقا ھوقۇقلىقدۇر. ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارلامەنت ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلىش جىنايىتى ھەققىدىكى قارارلارنى تەستىقلاش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە.

## ئۈچىنچى بۆلۈم: ۋەتەنداشلارنىڭ ھەقلىرى ۋە پارلامەنتنىڭ ھوقۇق چەكلىمىسى

**45. ماددا:** پارلامەنت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھوقۇقلىرىغا، قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكىگە، دىنى ئېتىقادلىرىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ۋە شۇنداقلا پارلامەنت ھەر قانداق شارائىت ئاستىدا ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىقاد قىلغان دىنىغا ئاساسەن ئەركىن ئىبادەت قىلىشىغا چەكلىمە قويىدىغان، چۈشەنچە ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى، نەشرىيات ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان، ۋە شۇنداقلا يىغىلىش ئەركىنلىكى ئاساسلانغان ھالدا ھۆكۈمەتكە خالىغان مەۋزۇدا ئىلتىماس سۇنۇش ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان، ۋەتەنداشلارنىڭ ئىمتىياز ۋە ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەنلىتىدىغان ھېچقانداق قانۇن-پەرمان چىقارمايدۇ.

**46. ماددا:** دۆۋلەت مەنفەتى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا ھەرقانداق ۋەتەنداش ئۆزىنى قوغداشنى مەخسەت قىلغان ھالدا قورال ساقلاش ۋە قورال ئېلىپ يۈرۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛

**47. ماددا:** ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلغان ھالدا، تاجاۋۇزچىلارغا ھەمكارلىشىپ ۋەتەننىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا خىزمەت كۆرسەتكەن، ۋەتەننى ئىشغال قىلغۇچى دۈشمەنلەرگە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ياردەم بەرگەنلىكى ئىسپاتلانغان ھەرقاندق شەخس، جىنايىتىنىڭ ئېغىر-يەڭگىللىكىگە قاراپ قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ؛

**48. ماددا:** يۇرداشلار ئىچىدە دۈشمەنىمىز خىتتايغا ئوخشاشلا شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھوكۇمىتىنى ئىتىراپ قىلمىغاندىن باشقا يەنە ھەرتۈرلۈك سۈيقەستلەر بىلەن ھوكۇمەتنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنۇش، ۋە ھەتتا ئاي يۇلدۇزلۇق كوك بايراق ئاستىدا شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھوكۇمىتىنى دەستەكلىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئەمەلىيەتتە ھەرخىل سۈيقەستلەر بىلەن مەزكۇر سۈرگۈندىكى ھوكۇمەتنى پارچىلاش ياكى باشقا ھەرخىل شەكىللەردە يوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇش، ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەزكۇر ھوكۇمەتنىڭ ئاساسى قانۇنىنى خالىغانچە ئۆزگەرتكەن ھالدا ساختا شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندى ھوكۇمەتلىرىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ خىتتاينى خاتىرجەم قىش قاتارلىق ھەرۋەتلەر مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك جىنايەت بولۇپ يىساپلىنىپ، بۇنداق جىنايى ھەركەتلەر ھوكۇمىتىمىزنىڭ ۋەتەن خائىنلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش نىزامناملىرىنىڭ قايدە-تۈزۈملىرىگە ئاساسەن بىرتەرەپ قىلىنىدۇ.

**49. ماددا:** گەرچە ھاياتىدا ھىچ بىر زامان خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپپاقمىغان بولسىمۇ، لىكىن يۇرتتىشىدا خىتتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۈستىدە ئىلىپبىرىۋاتقان قىرغىنچىلىقلىرىنى سۈيىستىمال قىلغان ھالدا سىياسى پانالىق ئالغان تۇرۇغلۇق يەنىلا ھىچ تەپ تارتماستىن سىياسەتكە ئارلىشىپ خىتتاينى خاپا قىلماسلىق ئىمىدىكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا باياشات ياشاۋاتقانلار، بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە خىتتايلارغا يەقىندىن ھەمكارلىشىپ سۈرگۈندە ھوكۇمەتنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتقانلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دولەتلەرنىڭ ھەمكارلىغى ئاستىدا سۈرۈشتە قىلىنىپ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ يۇقۇردا ئىزخار قىلىنغان خائىن-مۇناپىقلارنى بىرتەرەپقىلىش نىزام-ناملىرىغا ئاساسەن جازاغا تارتىلىدۇ.

**50. ماددا:** قانۇندا رۇخسەت قىلىنغان ئەھۋالدىن باشقا مەيلى تىنچلىق دەۋرىدە بولسۇن ياكى ئۇرۇش دەۋرىدە بولسۇن، ھەرقانداق ئەسكەر ياكى ساقچىنىڭ مۈلك ئىگىسىنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالماي تۇرۇپ ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ ھەرقانداق كىشىنىڭ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشى ياكى ئىشغال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**51. ماددا:** كىشىلەر يانلىرىنى، ئۆيلىرىنى، خەت-چەكلىرىنى، چوڭ-كىچىك بۇيۇملىرىنى ۋە ئۆزىنى قانۇنسىز ئاختۇرۇش ۋە چىقىلىشقا قارىتا قانۇنى قوغدىنۇش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر.

**52. ماددا:** ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن، ھەربى ھالەت ئەلان قىلىنمىغان ياكى ئومۇمى خەلقنىڭ بىخەتەرلىگى تەھدىتكە ئۇچرىمىغان ئەھۋاللاردا ھەچكىم سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىسىز تۇتقۇن قىلىنمايدۇ ۋە ھەرقانداق كىشى ئوخشاش جىنايىتى ئۈچۈن ئىككى قىتىم جازالانمايدۇ. ھەچكىم قانۇنى جەريانلاردىن ئۆتمەي تۇرۇپ ئەركىنلىكىدىن، مال – مۈلكىدىن، ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ.

ئادىل تۆلەم تۆلەنمەي تۇرۇپ ھەچكىمنىڭ خۇسۇسى مۈلكى مۇسادىرە قىلىنمايدۇ ياكى خەلققە تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيدۇ.

**53. ماددا:** ھەرقانداق جىنايى دەلونى بىرتەرەپ قىلىشتا، جاۋاپكار بىتەرەپ بىر سوت ئالدىدا قانۇن بويىچە سوتلىنىدۇ، گۇناھلىرى ۋە قارىلىنىش سەۋەپلىرىدىن خەۋەرلەندۇرۇلىدۇ، گۇۋاھچىلار بىلەن يۈزلەشتۈرىلىدۇ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن شاھىد كۆرسىتىش ھوقۇقىغا ۋە ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئادۋۇكات تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر.

**54. ماددا:** قارىلانغۇچىنى قەبىھ ۋە غەيرى-نورمال ئۇسۇلدا جازالاشقا، ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە كاپالەت پۇلى ياكى جەرىمانە تەلەپ قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. گۇناھكار جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى جىنايىتىنىڭ ئېغىر-يەڭگىللىكىگە ئاساسەن جازالىنىدۇ.

**55. ماددا:** ۋەتەنداشلارنىڭ ئاساسى قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقلىرى ۋە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك قانۇنلۇق ھوقۇقلىرى ئىنكار قىلىنمايدۇ.

**56. ماددا:** سوتتا جىنايەتچىگە بېرىلگەن جازادىن سىرت يەنە ئۇنى مالاي قىلىۋېلىش، قۇل قىلىۋېلىش، مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش ۋە ئىجتىمايى ئورنىغا قاراپ كەمسىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. ھەربىر شەرقىي تۈركىستان ۋەتەنداشى قانۇن ئالدىدا باراۋەردۇر.

## ئون بىرىنچى بۆلۈم: ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق چەكلىمىسى

**57. ماددا:** ھۆكۈمەتنىڭ قانۇندا كۆرسىتىلگەن دائىرىدىن سىرت پۇل سەرپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەمما دۆلەتنى تونۇتۇش ۋە ئۇنىڭ بىخەتەرلىگىنى ساقلاش ئۈچۈن دۆۋلەت رەئىسى پارلامەنتنىڭ قوشۇلىشىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇۋاپىق مىقداردىكى مەبلەغنى ساقلاش، خىراجەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. پارلامەنت دۆلەتنىڭ بىر يىللىق خامچوت ۋە راسخوت پىلانىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ تەستىقلايدۇ، مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلاردىن ھەر يىلى راسخوتلارنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالىدىن تەپتىش ھەيئەتى ئارقىلىق ھىساپ ئالىدۇ. تەپتىش ھەي'ئىتى پارلامەنت تەرىپىدىن ئاۋازغا قويۇلۇپ سايلىنىدۇ. ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سانى 3 دىن 9 گىچە بولغان تاق ساندىن تەشكىل قىلىدۇ.

**58. ماددا:** شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ھىچكىمگە ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مەنسەپنى تەيىن قىلمايدۇ. ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىگۈچى شەخس ياكى مىللەت ۋەكىلى پارلامەنتنىڭ رۇخسىتىسىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەچكىمدىن ھوكۇمەت نامىغا ھەدىيە ياكى مەنسەپ قوبۇل قىلمايدۇ.

## ئون ئىككىنچى بۆلۈم: ئەدلىيە

**59. ماددا:** شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسى پارلامەنت تەرىپىدىن ئالاھىدە چىقىرىلغان قانۇنغا ئاساسەن قۇرۇلغان ئالى سوت مەھكىمىسى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ياكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ئارقىلىق پائالىيەت قىلىدۇ. سوتچىلار، ئادۋوكاتلار، ۋە تەپتىشلەر ئەدلىيە مىنىستىرى تەرىپىدىن ئالى مەكتەپنىڭ قانۇن فاكولتەتلىرىنى پۈتتۈرگەن، خىزمەت تارىخى پاك، خەلق ئىچىدە ئابرويلۇق قانۇنشۇناسلار ئىچىدىن تەيىنلىنىدۇ. سوتچىلار ۋە تەپتىشلەر بىتەرەپ تۇرۇپ ۋەزىپىلىرىنى ئادىللىق بىلەن بەجىرىدۇ.

**60. ماددا:** سوتلانغانلار تۆۋەن دەرىجىلىك ياكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ چىقارغان قارارى ۋە ھۆكۈمنامىلىرى ھەققىدىكى نارازىلىق ئەرزلىرىنى ئالى سوت مەھكىمىسىگە سۇنۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

**61. ماددا:** شەرقىي تۈركىستان ئەدلىيە سەستىمىسى ئاساسى قانۇندا بەلگىلەنگەن بارلىق قانۇنلارنى بىتەرەپ ئىجرا قىلىدۇ، خەلقارا كەلىشىملەردە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپتە تۇرۇپ خەلقارا قانۇنلارنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ئىش بەجىرىدۇ.

**62. ماددا:** بارلىق جىنايى ئىشلار دىلولىرى تەپتىشنىڭ قانۇنى شىكايەتنامىسىگە ئاساسەن بىتەرەپ سوتقا تاپشۇرىلىدۇ.

**63. ماددا:** دۆلەت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان دۆۋلىتىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش، دۆۋلەت دۈشمەنلىرىنىڭ ياكى دۆلەتنى ئىشغال قىلغۇچىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۇلارغا ياردەم قىلىش، ۋە شۇنداقلا ئۇلارغا قولايلىق يارىتىپ بىرىش "ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلىش جىنايىتى" بولۇپ ھەساپلىنىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى بۆلۈم: ئاساسى قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش

**64. ماددا:** پارلامەنت ھەرقانداق ۋاقىتتا زۆرۈر تېپىلغاندا پارلامەنتنىڭ ئۈچتىن ئىككى ئاۋازى بىلەن ئاساسى قانۇننىڭ بىرىنجى بۆلىمىدە ئىزخار قىلىنغان 1.، 2.، 3.، 4.، 5.، 6.، ۋە 7. ماددىللىرىدىن باشقا ھەرقانداق بىر ماددىغا تۈزىتىش ياكى ئۆزگەرتىش كىرگۈزىز ھوقۇقىغا ئىگە. ئاساسى قانۇننىڭ دەسلەپكى 7 ماددىسى ئاساسى قانۇننىڭ تەمەل ماددىللىرى بولۇپ، بۇ ماددىلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىگە تۈزىتىش ۋە ياكى ئۆزگۈزۈش كىرگۈزىش ھەققىدە تەكلىپ بىرىش ھەم مەنئى قىلىنىدۇ. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ماددىلار ئاساسى قانۇننىڭ قوشۇمچە قىسمىدا ئەنىق كۆرسىتىلىدۇ.

**65. ماددا:** مەزكۇر ئاساي قانۇندا ئىزخار قىلىنغان بارلىق ماددىلار، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرىتورىيىسىدە ۋە شەرقى تۇركىستانلىقلار ياشايدىغان دۇنيانىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدا كىچەرلىك ۋە مۇقەددەستۇر.

**66. ماددا:** سۈرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستان پارلامەنتىنىڭ ئەزالىرى ھەر تۆرت يىلدا بىر قېتىم 11-ئاينىڭ 10- ۋە 11-كۈنلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدا ياشىغۇچى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن سايلىنىدۇ ۋە سايلاغان پارلامەنت ئەزالىرى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى پارلامەنت رەئىسىنىڭ رىياسەتچىلىگىدە مەزكۇر ئاسىسسى قانۇنىنىڭ 5. ماددىسىدا كۆرسۈتىلگەن «ئايرىلمىسۇن» نامىلىق مىللى قەسەم بىلەن بىلەن ۋەسىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

**67. ماددا:** يىڭىدىن سايلانغان پارلامەنت ئەزالىرى ۋە شۇنداقلا كەبىنەت ئەزالىرىنى تەشىل قىلغۇچى مىنىستىرلارنىڭ ئەھۋاللىرىدا ئالاھىدە ئۆزگۈرۈش بولمىغان مۇددەت ئىچىدە تۆرت يىل كەيىنكى سايلامغىچە ئۆز ۋەزىپىسىدە قالىدۇ.

## ئون تۆرتىنچى بۆلۈم: ئالى سوت مەھكىمىسى

**68. ماددا:** ئالى سوت مەھكىمىسى شەرقىي تۈركىستان پارلامەنتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان قانۇنغا ئاساسەن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئاساسى قانۇنىنىڭ، قانۇن ھۆكمى بويىچە چىقىرىلغان قارارلارنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان پارلامەنتى نىزامنامىلىرىنىڭ شەكىل ھەم ماھىيەت جەھەتتىن ئاساسى قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە نازارەت ئېلىپبارىدۇ. ئالى سوت مەھكىمىسى 9 كىشىلىك ھەيئەتتىن تەشكىل تاپىدۇ ۋە ئالى سوتنىڭ باشلىغى جۇمھۇر رەئىس تەرىپىدىن تەيىن قىلىنىدۇ. مەزكۇر ھەيئەتنىڭ ئەزالىرى ھەر 4 يىلدا بىر قېتىم پارلامەنت ئەزالىرى تەرىپىدىن سايلىنىدۇ.

**69. ماددا:** ئالى سوت مەھكىمىسى باش سوتچىسىنىڭ قانۇنلۇق دەلىللەرگە ئاساسلانغان شىكايىتى ۋە پارلامەنتنىڭ بۇ ھەقتىكى قارارى بىلەن دۆلەتنىڭ مىللىي مەنپەتىنى ئەغىر زىيانغا ئۇچراتقان دۆلەت رەئىسى، باش مىنىستىر ۋە مىنىستىرلارنى ئاساسى قانۇن سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. ئاساسى قانۇن سوت مەھكىمىسى چىقارغان قارار كەسكىن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەتىراز بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ.

**70. ماددا:** 14 بۆلۈم ۋە 70 ماددىدىن تەشكىل تاپقان ئىشبۇ ئاساسى قانۇن "شەرقى تۇركىستان مۇستەقىللىق داۋاسىنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىگى ئالدىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئامرىكا ھوكۇمىتى ۋە خەلقى ئالدىدا تونۇلۇپ بۈگۈنكى ھالىغا كېلىشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىماقتا بولغان ۋاشىڭتۇندا تۇرۇۋشلۇق شەرقى تۇركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ پىرزىدىنتى ۋە

شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ قىتىم ۋاشىنگىتۇندا ھۇجۇتقا كەلگەن مەزكۇر سۇرگۇندە ھوكۇمىتىنىڭ قۇرغۇچىس ئەنۋەر يۇسۇف تۇرانى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، مەزكۇرئاساسى قانۇن 2004-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 22-كۈنىگە قەدەر ۋاشىنگىتوندا چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا پارلامەنت ئەزالىرىنىڭ ئومۇمى يۇزلۇك بىردەك ماقۇللىغىدىن ئوتتۇشى بىلەن ۋاشىنگەتوندىكى "ناشونال پرەسس كىلاب يەنى مىللى ئاخبارات قۇلۇبى» دا باش مىنىستىر ئەنۋەر يۈسۈپ تۇرانى تەرىپىدىن 11-ئاينىڭ 22-كۈنى دۇنياغا ئىلان قىلىندى. بۇ ئاساسى قانۇنىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئاساس قىلىنىدۇ.

ئالاھىدە ئىزاھات:

ئەنۋەر يۇسۇف تۇرانىنى ئىشبۇ ئاساسى قانۇنىنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىدىن تەييارلىنىپ پارلىمەنتىنىڭ ماقۇللىغىدىن ئوتكىچە بولغان مۇددەت ئىچىدە ئۇنى يۇرەكتىن دەستەكلەپ ئايلارچە كىچە-كۇندۇز ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان مەزكۇر سۇرگۇندە ھوكۇمەتىنىڭ دەسلاپقى تەشەببۇسكارلىرىدىن بىرى بولغان ئامرىكىلىق كامۇنىست ھىتتاي ھوكۇمۇرانلىغىغا قارشى لوبىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان "چاينا ئى-لوبي" تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە شەرقى تۇركىستان مىللى ئازاتلىق مەركىزىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى دىچ مچگۋار ئەپەندىگە شەرقى تۈركىستا خەلقى نامىدىن چىن يۇرەكتىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.